شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي
12
چارشەنبە
维吾尔文 6月12日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24724 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ خەت ئەۋەتىپ بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى يەر شارىۋى ساغلاملىق مۇنبەر يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرىنىڭ يەر شارىۋى ساغلاملىق مۇنبەر يىغىنى چىڭداۋدا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەممە ئادەم ساغلاملىقتىن بەھرىمەن بولۇش پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يەر شارىۋى سەھىيە ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرى ئاسىيا ھەمدە دۇنيانىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىزچىل كۈچ چىقىرىپ كەلدى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر مۇھىم تىرىشچانلىق. يىغىننىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى كۈچ ۋە ئورتاق تونۇشنى ئۈنۈملۈك مۇجەسسەملەپ، ئالماشتۇرۇپ - ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، يەر شارىۋى ساغلاملىق ئىشلىرى ۋە ساغلاملىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، سەھىيە، ساغلاملىق ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىقى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ قىرغىزىستان تاراتقۇلىرىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى

جۇڭگو - قىرغىزىستان دوستلۇق دەرىخىنىڭ بۈك - باراقسان ئۆسۈشىنى، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياشناپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، قىرغىز جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇش ھەم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ قىرغىزىستان «مۇھاكىمە گېزىتى»، «قەبەر» دۆلەت ئاگېنتلىقىدا «جۇڭگو - قىرغىزىستان دوستلۇق دەرىخىنىڭ بۈك - باراقسان ئۆسۈشىنى، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياشناپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن» تېمىسىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

جۇڭگو - قىرغىزىستان دوستلۇق دەرىخىنىڭ بۈك - باراقسان ئۆسۈشىنى، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياشناپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

6 - ئايدىكى تيانشاندا گۈللەر ئېچىلىپ رەڭگارەڭ تۈسكە كىردى، ئوت - چۆپلەر ياپيېشىل بولۇق ئۆستى. بۇ گۈزەل پەسىلدە، ژېنبېكوۋ زۇڭتۇڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مەن پات ئارىدا قىرغىزىستاندا 2 - قېتىم دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىمەن ھەم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتنىشىمەن. ئالتە يىل ئىلگىرى، مەن تۇنجى قېتىم گۈزەل قىرغىزىستاندا زىيارەتتە بولغاندا، قىرغىزىستان تەرەپ بىلەن دوستلۇق ئۈستىدە ئورتاق سۆزلىشىپ، ھەمكارلىق ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىپ، كەلگۈسى ئۈستىدە ئورتاق سۆھبەتلىشىپ، جۇڭگو - قىرغىزىستان ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچقانىدۇق. ئالتە يىلدىن كېيىن، مەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۈم. جۇڭگو - قىرغىزىستان دوستانە ھەمكارلىقى ئىشلىرى خۇددى يازنىڭ ئوتتۇرا مەۋسۇمىدىكى تاغ ئوتلاقلىرىدەك جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە تولدى.

جۇڭگو - قىرغىزىستان ئىككى دۆلەت خەلقلىرى يېقىن قوشنىلار، ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ چيەن يىراق غەربىي دىيارغا سەپەر قىلىپ، قەدىمىي يىپەك يولىنى بويلاپ، سۇيياب قەدىمىي شەھىرىنى كېسىپ ئۆتكەن. نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن، قىرغىزلار مىڭ چاقىرىملاپ يول يۈرۈپ يىراق تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بېرىپ، قايتىش سەپىرىدە ئېسىل يىپەك ۋە فارفۇر بۇيۇملارنى ئېلىپ قايتىپلا قالماي، يەنە سەممىمىي دوستانە بولغان قېرىنداشلارچە دوستلۇققىمۇ ئېرىشكەن. جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۈيۈك شائىرى لى بەينىڭ يارقىن شېئىرلىرىنى ئىككى دۆلەتتىكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بولۇپ، كەڭ تارقالغان. 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخىي جۇغلانمىلار ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ يىمىرىلمەس چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە قويۇق دوستلۇقىنى بارلىققا كەلتۈردى.

دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، جۇڭگو - قىرغىزىستان مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىشچان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى، ئىككى دۆلەت ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، ئۇلار ئىسمى - جىسمىغا لايىق ياخشى قوشنىلار، ياخشى دوستلار، ياخشى ھەمراھلار، ياخشى قېرىنداشلار بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، باراۋەر ھەمكارلىشىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان يېڭى تىپتىكى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى.

— جۇڭگو - قىرغىزىستاننىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچى كۈنسېرى مۇستەھكەملەندى. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككى تەرەپ تارىختىن قېپقالغان چېگرا مەسىلىسىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلدى، جۇڭگو - قىرغىزىستاننىڭ 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئورتاق چېگراسى ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىگە ئايلاندى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

ئالىملار روھىنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇش ئىستىل ۋە ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يېتەكلەش، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر كەڭ كۆلەمدە ئېتىراپ قىلىدىغان، ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان قىممەت ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇش، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى يېتىلدۈرۈشنى تېزلىتىش، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى يېقىندا «ئالىملار روھىنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىستىل ۋە ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېڭى دەۋردىكى ئالىملار روھىنى ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىستىل ۋە ئۆگىنىش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىستىل دۈرۈس، كەيپىيات توغرا بولغان پەن تەتقىقات مۇھىتى يارىتىپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ياخشى پەن تەتقىقات ئېكولوگىيەسى بەرپا قىلىپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، يېڭىلىق يارىتىشنى قەدىرلەيدىغان ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىش كېرەك. بىر يىل ئىچىدە ئىستىلنى ئۆزگەرتىش، ئۆگىنىش ئىستىلىنى ياخشىلاشتىكى تۈرلۈك تۈزۈش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشقا تىرىشىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە ئىستىل، ئۆگىنىش ئىستىلىدىكى ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېكولوگىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ئىلىم ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئالىملار روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشنى قەدىرلەيدىغان، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلىم - پەنگە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان قويۇق كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، دۇنياۋى پەن - تېخنىكا كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەش كېرەك.

يولداش ۋاڭ خەنرۇ ۋاپات بولدى

شى جىنپىڭ يولداش ۋاڭ خەنرۇنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ھال سورىدى

چېن شى، چېن چۈەنگو تەزىيە بىلدۈردى ۋە ھال سورىدى

ئۆز خەۋىرىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ۋاڭ خەنرۇ كېسەل سەۋەبىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سائەت 19دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە 81 يېشىدا ۋاپات بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يولداش ۋاڭ خەنرۇنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ھال سورىدى. چېن شى تەزىيە بىلدۈردى ھەم ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورىدى.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يولداش ۋاڭ خەنرۇنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈردى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى رەھبىرىي يولداشلار، قىسمەن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە تەزىيە بىلدۈردى ۋە ھال سورىدى.

يولداش ۋاڭ خەنرۇ 1938 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1954 - يىلى 3 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1958 - يىلى 12 - ئايدا

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئالدىنقى بەش ئايدا ئالاتاۋ پورتىدا چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى مۇقىم كۆپەيدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جيالى) مۇخبىرنىڭ 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئالاتاۋ تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بۇ تاموژنا جەمئىي نازارەت قىلىپ باشقۇرغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 851 قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.31% ئاشقان؛ يۈك توشۇش مىقدارى 343 مىڭ 700 توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.52% ئاشقان؛ يۈكنىڭ قىممىتى 5 مىليارد 171 مىليون دوللار بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 69.6% ئاشقان.

بۇنىڭ ئىچىدە، چېگرادىن چىققان نۆۋەتچى پويىز 536 قېتىمغا، يۈك توشۇش مىقدارى 262 مىڭ 700 تونىنغا، يۈكنىڭ قىممىتى 3 مىليارد 719 مىليون دوللارغا يەتكەن؛ چېگرادىن كىرگەن نۆۋەتچى پويىز 315 قېتىمغا، يۈك توشۇش مىقدارى 81 مىڭ تونىنغا، يۈكنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 452 مىليون دوللارغا يەتكەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش

«1 - كېچىك»تىن ھالقىپ ئۆتۈش ئۇزۇن سەپەر باشلانغان جاينىڭ «قىياپىتى» ئۆزگەردى

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى شىڭۋېن، خۇ جىنۋۇ، گاۋ خاۋلياڭ، ۋۇ خۇيېك

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، «مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتى باشلاش مۇراسىمى جياڭشىنىڭ يۈدۇدا ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى جياڭشىنىڭ يۈدۇ، رۇيجىن ۋە فۇجيەننىڭ چاڭتىڭ، نىڭخۇادا «سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر — مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتىنى باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 30 نەچچە تاراتقۇدىن كەلگەن 500دىن ئارتۇق ئاخبارات مۇخبىرى باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جوۋ مى فوتوسى

بۇ جايدىكى كۆۋرۈك يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچىلارنى شىددەتلىك دولقۇنلاردىن ھالقىتىپ، غەلىبە قىرغىقىغا يەتكۈزگەن.

بۇ جايدىكى كۆۋرۈك ئازاب - ئوقۇبەت ۋە شان - شەرەپنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، ئەلرايى ۋە پارتىيە رايىنىڭ تۇتاش ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋولى بولۇپ تۇرماقتا.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش «مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتى مەركىزىي قىزىل ئارمىيە تۈپلىنىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان جاي — جياڭشىنىڭ يۈدۇدا باشلاندى.

يۈدۇ دەرياسى جىمجىت ئاقماقتا، ئەينى يىلى مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسىي كۈچى يولغا چىققان كېچىك يېنىدا، بىر بۆلەك لەيلىمە كۆۋرۈك 85 يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ قان كېچىپ كۈرەش قىلغان يالقۇنلۇق تارىخنى ئۈن - تىنسىز بايان قىلىپ، «يۈدۇ خەلقى ھەقىقەتەن ياخشى، سوۋېت رايونى خەلقى بەك يېقىن» دېگەن تەرىپلەش ساداسىنى تاراتماقتا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

[تەھرىر ئىلاۋىسى]

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنىڭ 85 يىللىقى. ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەر روھىنى كۈچەپ ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتىنى باشلىدى، زىيارەتكە قاتناشقان ئاخبارات مۇخبىرلىرى ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ، ئۇزۇن سەپەر يولىدىكى مۇھىم، زور ۋەقەلەرنى ئەسلەپ، ئىنتايىن مۈشكۈل كۈرەش مۇساپىسىدىكى تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى چوڭقۇر قېزىپ، جانلىق، تەسىرلىك پۈتۈن تاراتقۇ خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئۇزۇن سەپەر لىنىيەسى بويىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ياخشى ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىدۇ. گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ «سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر — مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىپ، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلىرىنى مەركەزلىك ئېلان قىلىدۇ.

يېڭى مېۋىلەرنى يىراققا توشۇشتا يېڭى ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك

سۆز ھەممىگە ☐ يۈ يەنيۈن

يېڭى ئۈزۈلگەن ئاق كىشمىش ئۆرۈكمۇ يىراققا توشۇلىدىغان بولدى. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 6 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاق كىشمىش ئۆرۈك شۇ كۈنى ئۈزۈۋېلىنىپ شۇ كۈنى توشۇلۇپ، ئەڭ تېز بولغاندا ئەتىسى يەتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن، شىنجاڭ سىرتىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۆرۈك شېخىدىكىدەك يېڭى پېتى تۇرىدىكەن.

ئۇزاقتىن بۇيان، شىنجاڭ مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ چىرايلىق نام - ئاتىقى ھەممە يەرگە تارقالغان بولسىمۇ، يېڭى پېتى ساقلاش مۇددىتى قىسقا، توشۇش ئارىلىقى ئۇزۇن بولۇشتەك تەسىرلەر تۈپەيلىدىن، ئىچكىرى ئۆلكىدىكى كىشىلەرنى پەسىللىك يېڭى مېۋىلەرنى تېز تېتىپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش قىيىن ئىدى. بىز شۇنى كۆردۇقكى، بۇ قېتىم ئاق كىشمىش ئۆرۈكنىڭ شىنجاڭدىن يېڭى پېتى چىقىرىلىشىدا ئىككى يېڭى ئۇسۇلغا تايىنىلغان: بىرى، ھاۋانى تەڭشەپ يېڭى پېتى ساقلاش تېخنىكىسى، يەنە بىرى، يېڭى پېتى پارچە سېتىش يېڭى ئەندىزىسى. ئىككى يېڭى ئۇسۇل يېڭى ئۆرۈكنى بازار تاپقۇزۇپلا قالماي، يەنە يېڭى ئۆرۈكنىڭ باھاسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP